ئىستىقلال ئاۋازى

ISTIQLAL

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

يانۋار 2023 (ئومۇمىي 30 ـ سان)

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر



# ھەق ۋە ناھەق سەپلىرى تارىخقا خاتىرىلەندى



Istiqlal TV



# يېقىندا چەت ئەلگە چىققان بىر ئۇيغۇر شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېغىر ۋەزىيەتنى ئاشكارىلىدى

يېقىنقى بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىن چىققان بىر ئۇيغۇر ئىسمىنى ئاشكارىلىماسلىق شەرتى ئاستىدا ئامېرىكا ئاۋازى مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئاشكارىلىدى.

ئۇ ئالدى بىلەن مۇخبىرنىڭ: «نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، 2022-يىلى خىتاي لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەن بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ياكى خىتايدىكى زاۋۇت-كارخانىلارغا سۈرگۈن قىلغانلىقىنى، خىتاينىڭ كەمسىتىشى سەۋەبلىك لاگېرلارغا كىرىپ-چىققان كىشىلەرنىڭ ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى، ئۆزى تونۇيدىغان بىر ئەدەبىيات پىروفېسسورىنىڭ نۆۋەتتە مەكتەپ ھويلىسىدىكى كۆزىتىش ئۆيىدە بىخەتەرلىك خادىمى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى، قىسمەن كىشىلەرنىڭ لاگېردىن قويۇپ بېرىلگەن ھامان تۈرمىگە تاشلانغانلىقىنى، 2022-يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىلگىرىكىدىن ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە قولغا ئېلىشنى توختاتمىغانلىقىنى، ھەتتا ئىلگىرى قويۇپ بېرىلگەن ئۇيغۇرلارنى قايتا قولغا ئېلىشنى باشلىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ يەنە مىسال كەلتۈرۈپ: «ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ لېكتورى بولغان بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ 2022-يىلدىن بۇرۇن ئىككى قېتىم قولغا ئېلىنغان بولۇپ، 2022-يىلى ئەتىيازدا ئۈچىنچى قېتىم قولغا ئېلىندى. نۆۋەتتە ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدى» دېگەن ۋە ئەگەر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ 2022-يىللىق ھاياتىنى يىغىنچاقلاشقا توغرا كەلسە، «قورقۇنچ بىلەن ئۈمىدسىزلىك بىرلەشكەن ۋەزىيەت» دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

گۇۋاھچى يەنە ئامېرىكا ئاۋازى مۇخبىرىنىڭ: «خىتاي ئۇيغۇرلارغا پاسپورت بېرىشنى چەكلىگەن تۇرسا، سىز چەت ئەلگە چىقىش ئۈچۈن پاسپورتنى قانداق ئالدىڭىز؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، بىرىنچى

قەدەمدە ساقچىلار پاسپورتقا ئىلتىماس قىلغان كىشى ۋە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرەر كىشى ئەيىبلەنمىگەن، تۈرمىگە قامالمىغان ياكى لاگېرغا سولانمىغان ئەھۋالدا ساقچى باشلىقىنىڭ ئاخىرقى قارار چىقىرىشىنى ساقلايدىغانلىقىنى، بۇ تەرتىپلەر تۈگىگەندىن كېيىن، ھەر قانداق ئۇيغۇر پاسپورت ئېگىسىنىڭ تاموژنىدا ئاتالمىش «شىنجاڭ دائىرىلىرى»نىڭ رۇخسەت ھۆججىتىنى كۆرسىتىشى كېرەكلىكىنى، ئەگەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۇنۇملۇك خىتاي پاسپورتى ۋە بىر دۆلەتكە چىقىش ۋىزىسى بولۇپ، يەرلىك دائىرىلەرنىڭ رۇخسەت ھۆججىتى بولمىسا، چەت ئەلگە چىقىشقا يول قويمايدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ چەت ئەلگە چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبىنىڭ ئايالىنىڭ چەت ئەللىك بولۇپ قالغانلىقى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ يەنە مۇخبىرنىڭ: «خەلقئارا جەمئىيەت ئۇيغۇرلار ھەققىدە بىلىشكە تېگىشلىك باشقا ئەھۋاللار بارمۇ؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «خەلقئارا جەمئىيەت بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر ئىش شۇكى، مەن 2022-يىلى ماي ئېيىدا ئۈرۈمچىدە ئىدىم. بۇ ۋاقىتتا ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي ئەمەلدارى مىشېل باچېلېت بۇ رايوننى زىيارەت قىلدى. خىتاي دائىرىلىرى ئالامىتى كۆرۈلگەن ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغۇچى بىمار بايقالدى، دېگەن باھانە بىلەن ئۇيغۇرلار مەركەزلەشكەن تەڭرىتاغ رايونىنى قاتتىق قامال قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. دائىرىلەر مىشېل باچېلېت خىتايدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بۇ رايوننى ئېچىۋەتتى. مېنىڭ بىر ئەمەلدار قوشنام بار ئىدى، ئۇ ماڭا تەڭرىتاغ رايونىنى قامال قىلىش سەۋەبى خىتاينىڭ باچېلېتنىڭ زىيارىتى جەريانىدا ئۇيغۇرلار بىلەن ئەركىن ئۇچرىشىپ قېلىشىنى خالىمىغانلىقىدىن بولغانلىقىنى ئېيتتى» دېگەن.




خىتاي رېجىمى ۋاڭ جيەنشىننى ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى.

بېيجىڭ گېزىتىنىڭ 31-دېكابىردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋاڭ جيەنشىننى ئاتالمىش

«ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتى ۋە دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىنگەن.

ۋاڭ جيەنشىن 1972-يىلى خۇنەندە تۇغۇلغان بولۇپ، خىتاي خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخبارات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ئىلگىرى خىتاي مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە دۆلەت نازارەتچىلىك كومىتېتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن بولۇپ، خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىچىدە زور تەسىرگە ئىگە كوممۇنىستلارنىڭ بىرى ئىكەن.

ۋاڭ جيەنشىن يەنە خىتاي خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خىتاي خەلق گېزىتىدە ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن ۋە خەلق گېزىتى چۈشچېك شۆبىسىنىڭ مۇدىرى بولغان.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمىنىڭ نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا شى جىنپىڭ ئىدىيەسىنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىشقا باشلىغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىجرا قىلىۋاتقان مىڭخە يۇيۇش ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش مەقسىتىدە، خىتاي مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ئەمەلدارى بولغان ۋاڭ جيەنشىنىنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكىگەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




خىتاينىڭ تۈركىيەدىكى باش ئەلچىسى ليۇ شاۋبىن تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇشئوغلىنىڭ خىتاي-تۈركىيە مۇناسىۋىتى ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىگە جاۋاب بېرىپ، بارلىق جىنايەتلىرىنى نومۇسسىزلارچە ئىنكار قىلدى.

تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۇت چاۋۇشئوغلىنىڭ 29-دېكابىر ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈلگەن ۋە بارلىق ئاخبارات، مېدىيا خادىملىرى قاتناشقان يىللىق خۇلاسە دوكلاتى يىغىنىدا خىتاي-تۈركىيە مۇناسىۋىتىدىكى يىرىكچىلىك ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە خىتاينىڭ قىلىۋاتقان يولسىزلىقلىرى توغرىسىدا قىلغان سۆزلىرىدىن كېيىن، خىتاينىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ليۇ شاۋبىن 5-يانۋار مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ

مۇناسىۋىتىنى باھالىدى ۋە خىتاينىڭ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنى خالايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، مىنىستىر چاۋۇشئوغلى تىلغا ئالغان بارلىق مەسىلىلەرنى رەت قىلدى ۋە خىتاينىڭ ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، خىتاينىڭ ئىسلام دۈشمەنلىكىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىلجىرلىدى.

لىيۇ شاۋبىن يەنە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى ھەققىدە پۈتۈن دۇنيادا ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلىنىپ بولغان ساناقسىز دەلىللەرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ: «بىز شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە ھەمىشە ئوچۇق ئاشكارا بولدۇق. غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋىرى پۈتۈنلەي يالغان. بەزى دۆلەتلەر ئوتتۇرىغا قويغان يالغانچىلىق ھەققەتنى ياپالمايدۇ. بىز تۈركىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭنى زىيارەت قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ بىلجىرلىدى.

ئۇ يەنە خىتاينىڭ ئاتالمىش ئاز سانلىق مىللەتلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى، پەقەتلا بۆلگۈنچىلىك ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئالتە يىلدىن بۇيان تېررورلۇق ۋەقەسى يۈز بەرمىگەنلىكىنى دەۋا قىلىپ: «ئۇ يەردە مېنىڭ ئۇيغۇر دوستلىرىم ناھايىتى كۆپ، ئۇلارنىڭ تىلى ۋە دىنى قوغدىلىدۇ. ئامېرىكا شىنجاڭدىن پايدىلىنىپ خىتاينىڭ ئىلگىرىلىشىنى توسماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز» دەپ بىلجىرلىدى ۋە خىتاي بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېلىشىمىنى تىلغا ئېلىپ: «مىللىتى ياكى ئېتىقادى ئۇنى ئادالەتتىن قاچۇرالمايدۇ» دەپ جار سېلىش ئارقىلىق مەۋلۇت چاۋۇشئوغلىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سۆزىگە ئىنكاس قايتۇردى.



# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى چېگرا ئېغىزلىرىدىن ئەڭ زور دەرىجىدە پايدىلانماقتا

ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك، كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ تۈرلۈك جازالىرىغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستاندىن مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە توشۇشنى زور مىقداردا ئاشۇرماقتا.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ 6-يانۋاردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 2022-يىلى 28-دېكابىرغا قەدەر بىر يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ قورغاس تاموژنىسى ئارقىلىق

ياۋروپاغا قاتنايدىغان نۆۋەتچى پويىز 7000 قېتىمدىن ئاشقان. تۆمۈر يول ئارقىلىق توشۇلغان يۈكلەر بولسا كۈندىلىك تۇرلۇك ماللار، ماشىنا زاپچاسلىرى، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

خەۋەردە قورغاس تاموژنىسىدىن ئۆتكەن نۆۋەتچى پويىز سانىنىڭ «خىتاي بويىچە 1-ئورۇندا» تۇرغانلىقى، شۇنداقلا 2022-يىلى تارىختىكى يېڭى يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلغانلىقى، «يۈك بېسىپ بېرىپ، يۈك ئېلىپ قايتىش» ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقى ئالاھىدە ماختالغان.

خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي رېجىمى «تۆمۈريولدا تاموژنىدىن تېز ئۆتكۈزۈش، چەت ئەل تور سودىسىنى كېڭەيتىش» قاتارلىق تۇرلۇك ئاسانلاشتۇرۇش تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندىن ياۋروپاغا قاتنايدىغان يۈك پويىزىنىڭ قېتىم سانىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. نۆۋەتتە قورغاس تاموژنىسىدىن ياۋروپاغا قاتنايدىغان نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسى 76 گە يەتكەن بولۇپ، 2022-يىلدىلا 20 سى كۆپەيتىلگەن. نەتىجىدە ياۋروپاغا قاتنايدىغان پويىز قېتىم سانى 2016-يىلى 377 قېتىم بولسا، 2022-يىلى 7000 قېتىمدىن ئېشىپ كەتكەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندىكى چېگرا ئېغىزلىرى ئارقىلىق توشۇۋاتقان يۈكلەرنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنغان بايلىقلاردىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ تۇرلۇك خەلقئارالىق بېسىم ۋە جازالارغا قارىماستىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى، مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەرگە، ھەتتا ياۋروپا دۆلەتلىرىگىمۇ داۋاملىق تارقىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە مەجبۇرىي ئەمگەككە قارشى ئورتاق خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇردى

ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە تەمىنلەش زەنجىرىدىكى ئىنسان ھەقلىرىگە ئالاقىدار بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرغان بولۇپ، خىتاينىڭ نىشان قىلىنغانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا سودا ۋەكىلى ئىشخانىسى 6-يانۋار ئامېرىكا سودا ۋەكىلى كەسرىن تاي بىلەن ياپونىيە ئىقتىساد، سودا ۋە سانائەت ۋەزىرى

ياسۇتوشى نىشىمارۇ بىلەن بىر ھەمكارلىق ھۆججىتى ئىمزالاپ، تەمىنلەش زەنجىرىدە كىشىلىك ھوقۇق ۋە خەلقئارالىق ئەمگەك ئۆلچىمىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ئامېرىكا سودا ۋەكىلى ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىدار باياناتىدا مەزكۇر خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئامېرىكا-ياپونىيە سودا شېرىكلىك مۇناسىۋىتىگە ئاساسەن قۇرۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈلگەن بولۇپ، ئەمگەكچىلەر ھوقۇقىنى قوغداش، تەمىنلەش زەنجىرىدىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنى چەكلەش جەھەتتە ئىككى دۆلەت ئۆچۈن ئورتاق سۇپا تەمىنلەيدىكەن.

باياناتتا قەيت قىلىنىشىچە، مەزكۇر خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئامېرىكا تەرەپتىن ئامېرىكا سودا ۋەكىلى ئىشخانىسى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى، سودا مىنىستىرلىقى، سەھىيە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت مىنىستىرلىقى، ئەمگەك مىنىستىرلىقى، دۆلەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىقى، تاموژنا ۋە چېگرا بىخەتەرلىك ئىدارىسى... قاتارلىق كۆپلىگەن مۇھىم ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قاتنىشىدىكەن.

رويتېرس ئاگېنتلىقى بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە مەزكۇر ئىككى دۆلەتنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىگەن. ياپونىيە تاراتقۇلىرىمۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىنىڭ ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ھەمكارلىقنىڭ روياپقا چىقىشىغا سەۋەب بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن.



## خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ كېڭەيتىلگەن ئالىي كېڭەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ كېڭەيتىلگەن ئالىي كېڭەش يىغىنى 6-يانۋار ئىستانبۇل ۋالىيلىقى مەجلىس زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.

قۇرئان تىلاۋىتى، تۈركىيە ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مارشلىرى بىلەن باشلانغان يىغىندا ئالدى بىلەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان سۆز قىلىپ، تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى، نىشانى، غايىسى ۋە ھازىرقى ھالەتكە كەلگۈچە بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى-توقاي مۇساپىلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتتى.

تەشكىلاتلار بىرلىكى تونۇشتۇرۇلغان قىسقا ۋىدىيو قويۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىدا تەشكىللىك ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تەكىتلىدى.

تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرمۇھەممەت تۈركىستانىي تور ئارقىلىق سۆز قىلىپ، تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ تاشقى ئىشلار خىزمىتى ھەققىدە دوكلات بەرگەندىن كېيىن، بۇ يىل ئىچىدە بېسىشقا تېگىشلىك دىپلوماتىك قەدەملەر ھەققىدە ئالاھىدە توختالدى.

ئارقىدىن تەشكىلاتلار بىرلىكى باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى بىرلىك نىزامنامىسىنى ئوقۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئالدىنقى بىر يىللىق خىزمەت ھەققىدە تەپسىلىي دوكلات بەردى ۋە يېڭى تەشكىلات قۇرۇلمىسىنى تونۇشتۇردى.

تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ مالىيە مەسئۇلى نىزامىدىن تەمكىنىي بىرلىكنىڭ ئالدىنقى بىر يىللىق چىقىم ئەھۋالى ۋە بۇ يىللىق خامچوتى ھەققىدە دوكلات بەردى.

ئاخىرىدا يىغىن قاتناشقۇچىلىرى ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلىپ، تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ بۇندىن بۇرۇنقى خىزمەتلىرى ۋە كەلگۈسى پىلانىغا ئالاقىدار تەكلىپ-پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ قېتىملىق يىغىنغا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ئەزا 20 تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللىرى، ۋەكىللىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرىدىن بولۇپ 100 گە يېقىن ئىدارە ئەزاسى بىۋاستە ياكى تور ئارقىلىق قاتناشتى.




شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ 9-قېتىملىق شۇرا يىغىنى 7-، 8-يانۋار كۈنلىرى ئىستانبۇلدا ئېچىلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ 70 گە يېقىن ئەزاسى قاتناشقان يىغىننىڭ بىرىنچى كۈنىدە بىرلىكنىڭ ئۆتكەن ئۈچ يىل ئىچىدە قىلغان خىزمەتلىرى ھەققىدە ئومۇمىي دوكلات بېرىپ ئۆتۈلدى. چۈشتىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار

بىرلىكنىڭ نىزامنامىسى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈلۈپ، بەزى ماددىلارغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى ۋە رەئىسى دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار رەئىسلىك مۇددىتى توشقانلىق سەۋەبىدىن رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرىنى بىرلىك ئەزالىرى بىلەن ئورتاقلاشتى.

ئارقىدىن ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ يېڭى رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، رەھبەرلىك ھەيئىتى، شۇرا مەجلىسى رەئىسى ۋە ئەزالىرى، تەپتىش ھەيئىتى مەسئۇلى ۋە تەپتىش ئەزالىرىمۇ يېڭىدىن سايلاپ چىقىلدى. سايلام نەتىجىسىدە دوكتور ئالىمجان بۇغدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ يېڭى رەئىسى بولۇپ سايلاندى.

ئۇستاز ئاتاۋۇللاھ داموللام ھاجىم تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرىگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئۇستاز مەھمۇدجان داموللام ئاخبارات ۋە تەشۋىقات خىزمەتلىرىگە مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئۇستاز سىراجىدىن ئەزىزى تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئۇستاز ئابدۇسالام ئالىم رەسمىي باياناتچىلىققا ۋە بايانات ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئۇستاز مۇھەممەد ئۆمەر قاراجىم خەلق ئالاقىسى ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن رەئىسلىككە، ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ئۇجاتلى باش كاتىپلىققا سايلاندى.

سايلام شۇرا مەجلىسى رەئىسلىكىگە دوكتور ئابدۇلخالىق ئۇيغۇرنىڭ، تەپتىش ھەيئىتى رەئىسلىكىگە ئۇستاز ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن ھاجىمنىڭ سايلىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتى.












ئاتالمىش «دۇنيا مۇسۇلمان جەمئىيەتلەر كېڭىشى»نىڭ رەئىسى ئەلى راشىد نۇئەيمىن باشچىلىقىدىكى ئۆمەكنىڭ خىتايغا يان بېسىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋە

ئەمەلىي ۋەزىيەت ھەققىدىكى جۆيلۈشلىرىگە قارشى نارازىلىق ۋە تەنقىدلەر كۆپەيمەكتە.

خىتاي رېجىمى 8-يانۋار چېگرانى ئاچقان تۇنجى كۈندىن باشلاپلا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆزىنى بوياش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەن بولۇپ، ئاتالمىش «دۇنيا مۇسۇلمانلار جەمئىيەتلەر كېڭىشى»نىڭ رەئىسى ئەلى راشىد نۇئەيمىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بىر ئۆمەكنى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلدۇردى.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر ئۆمەكنى 8-يانۋار ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى شۆجۈن، خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى غەربىي ئاسىيا ۋە شىمالىي ئافرىقىنىڭ باش ئەلچىسى لى لىيەنخې قاتارلىقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۈرۈمچىدىكى بىر نەچچە ئورۇننى زىيارەت قىلدۇرغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، زىيارەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاتالمىش «دىنىي زاتلار ۋە ئالىملار» ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر، سۇرىيە، بەھرەين، بوسنا ھەرسەك، تۇنىس، سېربىيە، جەنۇبىي سۇدان، ماۋرىتانىيە، ھىندونېزىيە، كۇۋەيت، ئىيوردانىيە ۋە ئومان قاتارلىق 14 دۆلەتتىن كەلگەن.

مەزكۇر ئۆمەك 8-يانۋار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنى خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە خىتايغا سادىقلىقى بىلەن نام چىقارغان ئاتالمىش «شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتى» مۇدىرى ۋە «خىتاي ئىسلام دىنىي جەمئىيىتى»نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرەقىپ تۆمۈر نىياز قاتارلىقلار ئايرودۇرومدا كۈتۈۋالغان. خىتاي رېجىمى مەزكۇر ئۆمەكنى ئالدى بىلەن ئاتالمىش «تېررورلۇق ۋە ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش باش تېما قىلىنغان كۆرگەزمە» زالىنى زىيارەت قىلدۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تېرروررچى ۋە ئەسەبىي قىلىپ تونۇشتۇرغان. ئارقىدىن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى»نى زىيارەت قىلدۇرۇپ، ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مەدەنىيەت-مىراسلىرىنى قوغدىغۇچى قىلىپ كۆرسەتكەن.

خىتاي رېجىمى زىيارەت ئۆمىكىنى يەنە ئۈرۈمچى خەلقئارا چوڭ بازىرىدىكى دۇكانلارنى، بەيتۇلمەئمۇر مەسچىتى (نوغاي مەسچىتى)، ئاتالمىش «ئىسلام ئىنستىتۇتى» قاتارلىق ئورۇنلارنى زىيارەت قىلدۇرغان بولۇپ، خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتى ۋە كۆز بوياmچىلىقىغا ماسلاشقان دۇنيا مۇسۇلمانلار جەمئىيەتلەر كېڭىشى رەئىسى ئەلى راشىد نۇئەيمى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تېررورلۇق ۋە ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ماختىغان.

خىتاي 9-يانۋار ئۆمەكنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئالتاي ۋىلايىتىنى زىيارەت قىلدۇرغان ۋە ئالتاي چارۋىچىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى، ئالتاينىڭ قارلىق دالىلىرىنى زىيارەت قىلدۇرۇپ، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تولۇق يوشۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتايىن باياشات ۋە خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرۈشكە ئۇرۇنغان.

خىتاي رېجىمى ئۆمەكنى 10-، 11-يانۋار كۈنلىرى قەشقەر قەدىمىي شەھىرىنى زىيارەت قىلدۇرغان. خىتاي يەنە ئاللىبۇرۇن ئىبادەتكە

تاقىلىپ ساياھەتكە ئېچىلغان قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىمۇ ئېچىپ، تەييارلاپ زىيارەت قىلدۇرغاندىن باشقا، قەشقەر تېخنىك ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدۇرغان. خىتاي ئاخىردا يەنە زىيارەت ئۆمىكىنىڭ كۆزنى بوياش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان ئاتالمىش «يېزىلارنى گۈللەندۈرۈش سۆھبەت يىغىنى»غا قاتناشتۇرغان.

ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى»غا ئاپىرىن ئېيتىشقان.

دۇنيا مۇسۇلمانلار جەمئىيەتلەر كېڭەشىنىڭ رەئىسى ئەلى راشىد نۇئەيمى تۋىتتېر ھېسابىدا ئارقا-ئارقىدىن ئېلان قىلىۋاتقان باياناتلىرىدا ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشىنى قوللاپ، «خىتاينىڭ شەرقىي



زىيارەتنىڭ تەپسىلاتى ۋە كۆرۈنۈشلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن ئورۇن ئېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ زىيارەتنى خىتاي تاراتقۇلىرىمۇ كۈچەپ تەشۋىق قىلماقتا ۋە ئىسلام دۇنياسىنى ئالداش ئۈچۈن تېپىلماس پۇرسەت، دەپ قارىماقتا.

ئاتالمىش «تېررورلۇق ۋە ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇش كۆرگەزمە زالى»دا زىيارەت قىلدۇرۇلغان ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقى تېررورچى ۋە ئەسەبىي قىلىپ تونۇشتۇرۇلغان ئۆمەكتىكى ئاتالمىش «دىنىي زاتلار ۋە ئالىملار» خىتاينىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇق ۋە

تۈركىستان خەلقىگە ھەر تەرەپتىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقى»غا يۇقىرى باھا بەردى ۋە شۇنداقلا «دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ تىنچ ۋە گۈللەنگەن خىتايغا ئېھتىياجى بارلىقى» تىلغا ئېلىنغان نومۇس قىلارلىق سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلدى.

دۇنيا مۇسۇلمان جەمئىيەتلەر كېڭەشىنىڭ رەئىسى ئەلى راشىد نۇئەيمىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن بىلجىرلاشلىرىغا قارىتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەشكىلاتلار ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقى قاتتىق

نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشتىن باشقا، نوپۇزلۇق ئۆلىمالار، ئىسلامىي تەشكىلاتلار بۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا، ئۆلىمالارغا ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ باياناتلىرىنىڭ نومۇس قىلارلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشۈپ ئىنكاس يېزىشماقتا.

بوسنا ھەرسەك ئىسلام بىرلىكى ئەلى راشىد نۇئەيمگە ئەگىشىپ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان سابىق بوسنىيە ئۆلىمالار رەئىسى مۇستافا جېرىچ ۋە سېربىيەدىكى دىنىي ئىشلار رەئىسى دۇدىچنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتى ۋە ئېلان قىلغان باياناتلىرىنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدىغانلىقى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلدى.

بىرلىكنىڭ باياناتىدا مۇستاپا جېرىچ ياكى سېربىيەدىكى دىنىي ئىشلار رەئىسى دۇدىچنىڭ بوسنىيە ئىسلام بىرلىكى نامىدىن خىتايدا زىيارەتتە بولمىغانلىقى، مەزكۇر زىيارەتنىڭ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى بىر جەمئىيەت تەرىپىدىن تەشكىللەنگەنلىكى، مۇستاپا جېرىچ بىلەن سېربىيەدىكى دىنىي ئىشلار رەئىسى دۇدىچنىڭ شەرقىي تۈركىستان زىيارىتىدىكى ھەرىكىتى ۋە قىلغان سۆزلىرىنىڭ ھېسابىنى ئۆزلىرى بېرىشى كېرەكلىكى، بوسنىيە ئىسلام بىرلىكىنىڭ بۇ زىيارەت بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقلۇقى بىلدۈرۈلدى.

تۈركىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان بوسنىيە سانجاق جەمئىيىتى 13-يانۋار ئەلى راشىد نۇئەيمىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە قىلغان بايانلىرىغا قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈپ بايانات ئېلان قىلدى. باياناتتا بوسنىيە سانجاق جەمئىيىتىنىڭ ئۆمەكنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدىغانلىقى ۋە ئەيىبلەيدىغانلىقى بىلدۈرۈلدى.

مىسىرلىق دوكتور مۇھەممەد سەغىر تۋىتتېر ھېسابىدا مەزكۇر زىيارەت ئۆمىكى ئىچىدىكى مىسىر رەئىسى سىسىنىڭ دىنىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى بولغان ئۇسامە ئەزھەرىيگە رەددىيە قايتۇرۇپ: «ب د ت خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش قىلمىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان بىر پەيتتە، شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان بۇ سەللىلىك خىتاي رېجىمىنىڭ تېررورلۇققا قارشى ھەرىكىتىنى ماختىدى. ئۇسامە بىزگە ۋەكىللىك قىلمايدۇ» دەپ يازدى.

قاتارلىق دوكتور ئابدۇللاھ ئەلئەمادىي ئۆمەكنىڭ باياناتلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «دۇنيا خىتاينىڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ئىجرا قىلىۋاتقان سىستېمىلىق مېڭە يۇيۇش پاجىئەسىگە دىققەت قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، ئاتالمىش دۇنيا مۇسۇلمان جەمئىيەتلەر كېڭەشى خىتاينىڭ تېررورلۇققا قارشى ئۇتۇق قازانغانلىقىنى تەبرىكلەۋاتىدۇ. بۇ كېڭەشنىڭ مېڭىسى نەقەدەر چوڭقۇر يۇيۇلغان-ھە!» دەپ يازدى.

خىتاي رېجىمىنىڭ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاتالمىش دۇنيا مۇسۇلمان جەمئىيەتلەر كېڭەشىنىڭ رەئىسى ئەلى راشىد نۇئەيمىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى 14 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر ئۆمەك شەرقىي تۈركىستاندا ئۈچ كۈنلۈك زىيارەتتە بولغاندىن، ئۇلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە ھەر تەرەپتىن نارازىلىق كەلمەكتە.



جمعية علماء مسلمي تركستان الشرقية
EAST TURKISTAN MUSLIM SCHOLARS ASSOCIATION
شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى
DOĞU TÜRKİSTAN ULEMALARI DERNEĞİ

Tarih: 20..../..../.....
No: .......

بسم الله الرحمن الرحيم

بيان حول زيارة وفد من المجلس العالمي للمجتمعات المسلمة إلي تركستان الشرقية

تتواصل زيارة وفد المجلس العالمي للمجتمعات المسلمة الي تركستان الشرقية مع صدور تصريحات لمسؤولي المجلس تشيد بالإنجازات الصينية في مجال مكافحة "الإرهاب" و"التطرف" وتحقيق التنمية في المنطقة، وضرورة صهر القوميات المختلفة في بوتقة واحدة، دون التطرق بتاتًا إلي صلب المشكلة وطرق حلها، متجاهلا تقارير منظمات دولية حول الوضع الإنساني في تركستان الشرقية . وإزاء هذا التصريحات نأكد على مايلي :

1- نرحب بزيارة الوفود من العالم الإسلامي الي تركستان الشرقية التي تحتلها الصين وتسميها "شينجيانغ" لان أهلها جزء من الأمة الاسلامية. وعلى هذه الوفود تفقد أحوال المسلمين في المنطقة، وزيارة المعسكرات والسجون، والقيام بجولات ميدانية حرة وإجراء مقابلات مع أهل البلد المسلمين دون مراقبة الشرطة الصينية وإجراء مقابلات مع الجاية الأويغورية في المهجر.

2- ندعو أعضاء الوفد الي ضرورة التزام بالعدل والإنصاف في التعامل مع قضية تركستان الشرقية وما يعانيه أهلها من مظالم. لأن إدلاء تصريحات تبرر الجرائم الصينية بحق مسلمي تركستان الشرقية دون فهم مايجري على أرض الواقع عمل لايليق بالوفد المسلم.

3-ضرورة عدم إعطاء الصين مبررات لجرائمها دون الاستماع للضحايا.

4- نذكر المسلمين جميعا أن الصين تمارس الخداع وإخفاء الحقائق لإقناع العالم الإسلامي بمثل هذه الزيارات وعلى العالم الاسلامي ان لا ينخدع بأكاذيب الحزب الشيوعي وعليه بذل جهود حقيقية لمعرفة الحقائق ومساعدة المسلمين الذين يتعرضون لإبادة جماعية أكدتها تقارير دولية من الأمم المتحدة ومنظمة العفو الدولية وغيرها من المنظمات الحقوقية.

اتحاد علماء تركستان الشرقية
10-01-2023

Adres: Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6B/1 Sefaköy 34295, Küçükçekmece-İstanbul/Türkiye
www.olimalar.org , Tel: +90 212 540 3113, E-mail: olmalar@olimalar.org

# شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى خىتاينىڭ كۆز بويامچىلىقىغا قارشى بايانات ئېلان قىلدى

خىتاي رىجىمى 8-يانۋار چېگرانى ئاچقان تۇنجى كۈندىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆزىنى بوياش ھەرىكىتىنى باشلىۋەتكەن بولۇپ، دۇنيا مۇسۇلمان جەمئىيەتلەر كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئەلى راشىد نۇئەيمىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى 14 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر ئۆمەكنى شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلدۇرۇشقا باشلىغانىدى.

خىتاينىڭ ھىيلە-نەيرەڭلىرى ۋە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان يالغان سەھنىلىرىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى قوبۇل قىلغان مەزكۇر ئۆمەك ۋە مۇسۇلمان جەمئىيەتلەر كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئەلى راشىد نۇئەيمى خىتاينىڭ قىلغانلىرىنى ئارقا-ئارقىدىن قوللاپ، خىتاينىڭ ئاتالمىش «تېررورلۇق ۋە ئەسەبىيلىكنى يوقىتىش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى»غا ئاپىرىن ئېيتىپ بىلجىرلىغانىدى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى 10-يانۋار رەسمىي يازما بايانات ئېلان قىلىپ، مەزكۇر ئۆمەكتىكى شەخسلەرنى خىتاينىڭ كۆز بويامچىلىقىغا ئىشەنمەسلىككە، ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى تەكشۈرۈشكە ئۈندىدى.

بىرلىك باياناتتا دۇنيا مۇسۇلمان جەمئىيەتلەر كېڭىشىنى خىتاينىڭ كۆز بوياش مەقسىتىدە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان يەرلەرنىلا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمان كىملىكى سەۋەبلىك جازا لاگېرى ۋە تۈرمىلەرگە سولانغانلارنى، شۇنداقلا جازا لاگېرلىرىنى زىيارەت قىلىشقا، خىتاينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلەرنى يوللۇق كۆرسىتىدىغان مەسئۇلىيەتسىز باياناتلاردىن يىراق تۇرۇشقا چاقىردى.

ئۆلىمالار بىرلىكى باياناتىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بارلىق ئىسلام ئەللىرى ۋە مۇسۇلمانلارنى خىتاينىڭ ئىسلام دۇنياسىنى ئالداش ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرۇش رەزىل مەقسىتىدە ئالدىن پىلانلىغان بۇ خىل زىيارەتكە ئوخشاش ساختا تەشۋىقاتلارغا ئىشەنمەسلىككە، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى

بىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە چاقىردى ۋە شۇنداقلا زىيارەت ئۆمىكىنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق ئالىي كومىتېتى ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى قاتارلىق تەشكىلات ۋە ئورگانلار ئىسپاتلاپ چىققان خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ھەققىدىكى دوكلاتلارنى كۆرۈپ چىقىشقا چاقىردى.

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى 11-يانۋار يەنە مەزكۇر ئۆمەكنى خىتاينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىك، خىتاينىڭ جىنايىتىگە شېرىك بولماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇپ، سىنلىق بايانات ئېلان قىلدى.




خىتاي رېجىمىنىڭ مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، دۇنيا مۇسۇلمان جەمئىيەتلەر كېڭەشىنىڭ رەئىسى ئەلى راشىد نۇئەيمىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى 14 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر ئۆمەك شەرقىي تۈركىستاندا ئۈچ كۈنلۈك زىيارەتتە بولدى. بۇ زىيارەتنى شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى خەلقئارادىن، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىدىن يوشۇرۇپ قېلىشنى پۇرسەت دەپ بىلگەن خىتاي رېجىمى ئەلى راشىد نۇئەيمىنىڭ زىيارەت جەريانىدا ئېلان قىلغان ۋە مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا بەرگەن نومۇس قىلارلىق سۆزلىرىنى كۆچەپ تارقىتىشقا باشلىدى.

خىتاي يەرشارى ۋاقىت گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي مۇخبىرى ئەلى راشىد نۇئەيمىدىن: «سىز ئىلگىرى شىنجاڭنى بىر قېتىم زىيارەت قىلغان تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن قايتا زىيارەتكە كەلدىڭىز؟» دەپ سورىغان.

ئەلى نۇئەيمى مۇخبىرغا بەرگەن جاۋابىدا 2019-يىلى تۇنجى قېتىم زىيارەتكە كەلگەندە ئازكىشىدىن تەشكىللەنگەن ھەيئەتنى باشلاپ كەلگەنلىكىنى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى چۈشىنىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ قېتىم ئوخشىمىغان دۆلەتتىكى خىزمەتداشلىرىنى تەشكىللەپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

مۇخبىر ئەلى رەشىد نۇئەيمىدىن يەنە: «ۋەكىللەر ئۆمىكى نۇرغۇن مەسچىتلەرنى زىيارەت قىلدى، شۇنداقلا ئىسلام ئىنستىتۇتىغا باردى. سىز ۋە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشقا ئەزالىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاممىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى قوغداش تىرىشچانلىقىغا قانداق باھا بېرىسىز؟» دېگەن سوئالىغا جاۋابەن: «ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنىدا كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنلىكىنى بىلمەسلىكى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ھازىر بۇنى بىلدى. شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي سىستېمىغا ۋە دۆلەتكە سىڭىپ كېتىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ باشقا قىسىملىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، پۇقرالىق مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆز ۋەتىنى بولغان خىتاينىڭ تەرەققىياتقا كۈچ قوشۇشى كېرەك» دەپ بىلجىرلىغان.

مەلۇم بولۇشىچە، ئەلى راشىد نۇئەيمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس بولۇپ، ئۇ 2019-يىلى خىتاينىڭ تەكلىپى بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپىنى باشلاپ شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغان. شۇ مەزگىللەردىمۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جازا لاگېرلىرى سىياسىتىنى ئاقلاپ سۆز قىلغان بولۇپ، جازا لاگېرلىرىنى تەربىيەلەش مەركەزلىرى دېگەنلىكى ئۈچۈن، ھەققانىيەت تۇيغۇسى ئۆلمىگەن كىشىلەرنىڭ قاتتىق تەنقىدىگە ئۇچرىغان.

ئۇ بۇ قېتىممۇ يەر شارى ۋاقىت گېزىتى مۇخبىرىنىڭ: «سىز ۋە ۋەكىللەر ئۆمىكى قەشقەردىكى تېخنىك ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدىڭىز، ئەمما ھازىر بىر قىسىم ئامېرىكا ۋە غەرب تاراتقۇلىرى شىنجاڭدىكى تېخنىكا مەكتەپلىرىنى جازا لاگېرى دەپ تۆھمەت قىلدى. بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟» دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «ئەگەر سىز ھەر قانداق تۈرگە باھا بەرمەكچى بولسىڭىز، چوقۇم ئۇنىڭ نەتىجىسىگە قاراش كېرەك. 2016-يىلدىن بۇيان خىتايدا تېررورلۇق ھۇجۇمى يۈز بەرمىدى. بۇ بىر چوڭ مۇۋەپپەقىيەت، ئۇ ئىلگىرى قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، بارلىق دۆلەتلەر ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بىر دۆلەت باشقا دۆلەتلەرنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغدىشى ۋە خەلقىنى قوغدىشى كېرەك» دەپ بىلجىرلىغان ۋە تېخىمۇ ئەزۋەيلىگەن ھالدا: «2019-يىلى مەن مەزكۇر مائارىپ ۋە تەربىيەلەش مەركەزلىرى ۋە تېخنىكا مەكتەپلىرىنى زىيارەت قىلدىم. مەن شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى كۆپلىگەن ئۇنىۋېرسىتېت ۋە تېخنىكا مەركەزلىرىنى زىيارەت قىلدىم، ئۇلار بۇ يەردىكى تېخنىك ئىنستىتۇتىغا ئوخشاش ياش ئەۋلادلىرىنى ھەممە نەرسە بىلەن تەمىنلىمىدى. مەن بارلىق دۆلەتلەرنىڭ بۈگۈن تېخنىكلار ئاكادېمىيەسىدە كۆرگەنلىرىمدىن خۇشال بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئۇلار بۇ يەردىن ئۆگىنىشى كېرەك. خىتايمۇ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى خىتاينى تەنقىدلەيدىغان دۆلەتلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن ئورتاقلىشىشى كېرەك» دەپ جۆيلىگەن.

ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە، دۇنيا مۇسۇلمان

جەمئىيەتلەر كېڭەشى ئەسلىدە «دۇنيا ئىسلام هەمكارلىق تەشكىلاتى»غا قارشى قۇرۇلغان تەشكىلات بولۇپ، يىللاردىن بېرى پەلەستىن مەسىلىسىدە ئىسرائىلىيە تەرەپتە تۇرۇپ، پەلەستىن خەلقىنىڭ ئاھۇ-زارىنى كۆرمەسكە سالغان. ئىسلام دۇنياسىنىڭ هەر خىل تەنقىد ئاگاھلاندۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالمىغان. ئەلى راشىد نۇئەيمىنىڭ خىتاينىڭ دېيىشىغا ئۇسۇل ئويناپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە قالايمىقان جۆيلۈشى تاسادىپىيلىق ياكى هەيران قالارلىق ئەمەس بولۇپ، ئۇ ۋە مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ زالىمغا يانتاياق بولۇش ئادىتى ئاللىبۇرۇن تونۇلغانىكەن.



# نوپۇزلۇق ئۆلىمالار ۋە 50 نەچچە تەشكىلات خىتاينىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قاراتقان ساختا تەشۋىقاتىغا قارشى بايانات ئېلان قىلدى

خىتاي رېجىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاتالمىش «دۇنيا مۇسۇلمان جەمئىيەتلەر كېڭەشى»نىڭ رەئىسى ئەلى راشىد نۇئەيمىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئۆمەكنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خىتاي تەرەپتە تۇرۇپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇنۇش قىلمىشىغا قارشى 15-يانۋار ئىستانبۇلدا بايانات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

بايانات ئېلان قىلىش يىغىنىنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى تەشكىللىگەن بولۇپ، هەرقايسى دۆلەتلەردىن كېلىپ يىغىنغا ئىشتىراك قىلغان 30 دىن ئارتۇق نوپۇزلۇق ئۆلىما ۋە مۇتەخەسسىسلەر سۆز قىلىپ، ئاتالمىش «دۇنيا مۇسۇلمان جەمئىيەتلەر كېڭەشى»نىڭ رەئىسى ئەلى راشىد نۇئەيمىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ئۆمەكنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار باياناتلىرىغا نارازىلىق بىلدۈردى ۋە رەددىيە بەردى.

بايانات ئېلان قىلىش يىغىنى مۇھەممەد ئەمىن قارىمنىڭ قۇرئان تىلاۋىتى بىلەن باشلاندى. پائالىيەتكە شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھمۇدجان داموللام رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئېچىلىش سۆزى قىلدى.

ئۇ سۆزىدە ئاتالمىش زىيارەتچىلەرنىڭ يېقىندا شەرقىي تۈركىستاننى زىيارەت قىلغاندا خىتاينىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتى هەققىدە رېئاللىققا

زىت سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ يالغان باياناتلىرىغا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن بۇ يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئالدى بىلەن كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىسلام مەسىلىلىرى مەسلىھەتچىسى دوكتور ياسىن ئاقتاي سۆزى قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسلىدە ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن بىرلىككە كەلگەن ئۈممەت ئىكەنلىكىنى، ئەمما نۆۋەتتە بۆلۈنۈش سەۋەبلىك ھىمايىچىسىز قالغانلىقىنى، ئەگەر مۇسۇلمانلار بىرلەشكەن تەقدىردە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلىنىدىغانلىقىنى، يېقىندا زىيارەتچىلەرنىڭ خىتاينىڭ يالغانچىلىقىغا گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى، ئىسلام دۇنياسى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتكە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقى ئايان ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ 21-ئەسىردە ئەڭ ئېغىر ئەھۋالدا قالغانلىقىنى تەكىتلىدى.

خەلقئارا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوغداش مەجلىسىنىڭ رەئىسى دوكتور مۇھەممەد سەغىر سۆز قىلىپ: «يېقىندا شەرقىي تۈركىستانغا بىر ئۆمەك بېرىپ، ئۇلار خىتايغا يانتاياق بولۇپ يالغان گۇۋاھلىق بەردى. بىز ئۇلارنىڭ خاتا سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن يىغىلدۇق. بىز ئۇلارنىڭ يالغانغا گۇۋاھلىق بېرىش قىلمىشىدىن بىزار. ئاللاھ خالىسا شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىغا ياردەم قىلغىلى بارىمىز» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن پەلەستىنلىك دوكتور نەۋاف تەكرۇرى سۆز قىلىپ، كىمكى تاجاۋۇزچىلار ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچىلارنى قوللاپ، بىر سەپتە بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ جىنايەتتە تاجاۋۇزچىلار بىلەن شېرىك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ سۆزىدە يەنە: «ئەي، شەرقىي تۈركىستان خەلقى! ئىسلام ئۈممىتى سىلەر بىلەن بىرگە، بىز سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا، خىتاي تاجاۋۇزچى، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى تاجاۋۇز قىلىنغۇچىدۇر» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور مۇھەممەد ئابدۇلكەرىم سۆز قىلىپ: «مەزكۇر ئۆمەك زالىمنىڭ جىنايىتى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەددىدىن ئېشىش جىنايىتىنى قوللاپ گۇۋاھلىق بەردى. ئۇلار ئۆلىمالار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشتىن يىراقتۇر. بىز ئۇلارنىڭ ئاتالمىش زىيارىتىدىن ئادا-جۇدا. ئۇلار ئۆزىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەكىلى دەپ دەۋا قىلىشتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغان كەئب ئىبنى ئەشرەف قاتارلىقلارغا ئوخشايدۇ. ئۇلار تاجاۋۇزچى، قاتىل ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەردى. ھالبۇكى، يېقىندا مۇسۇلمان بولمىغان دۆلەتلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. ئەمما بۇ قېتىمقى ئاتالمىش زىيارەتچىلەر خىتاينىڭ تېررورچى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلدى. مەن مۇسۇلمان ئۆلىمالار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن ئاتالمىش زىيارەتچىلەرنىڭ قىلمىشىدىن ئادا-جۇدا» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

ئۇنىدىن باشقا مىسىرلىق ئۆلىما، دۇنيا ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالار بىرلىكىدىن دوكتور جامال ئابدۇساتتار، يەمەن ئۆلىمالار ھەيئەت ئەزاسى دوكتور ئابدۇللا قۇبەيسىي، دوكتور ئەسام ئابدۇششافي، ئىراق مۇسۇلمان ئۆلىمالار ھەيئىتىدىن دوكتور مۇنىر، ئامېرىكا ئىسلام ئالاقە ئىشلىرى مەجلىسىدىن دوكتور باسىم ئەلقۇرراﺉ، خەلقئارالىق ئادۋوكات، دوكتور تارىق شەندەب، دوكتور جالال ئەرباي، دوكتور مەجدى سالىم قاتارلىق ئۆلىما ۋە مۇتەخەسسىلەر سۆز قىلدى. ئۇلار سۆزلىرىدە خىتاي ئورۇنلاشتۇرغان مەزكۇر زىيارەت ئۆمىكىنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ۋەكىللىك قىلمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ خىتاينىڭ تاجاۋۇزچىلىق

ھەرىكىتىنى قوللىغانلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ئۇلىما دەپ ئاتىلىشقا لايىق ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ زىيارەتلىرىنى ۋە باياناتلىرىنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئاخىرىدا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئاتالمىش «دۇنيا مۇسۇلمان جەمئىيەتلەر كېڭەشى» باشچىلىقىدىكى ئۈمەكنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆزىنى بوياش قىلمىشىغا قارشى بايانات ئېلان قىلدى.

باياناتتا خىتاينىڭ بۇ خىل زىيارەتنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆزىنى بوياشقا، ھىيلە-نەيرەڭ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغانلىقى، ئىسلام دۇنياسى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يالغانچىلىقى ۋە كۆز بويامچىلىقىغا ئالدانماسلىقى كېرەكلىكى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، مۇسۇلمان ئۇلىمالار بىرلىكى قاتارلىق كۆپلىگەن تەشكىلاتلارنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئەڭ تەخىرسىز مەسىلە، دەپ ئېتىراپ قىلىشى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەكلىكى بىلدۈردى.

مەزكۇر باياناتقا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆچلۈك تەسىرگە ئىگە ئالىم-ئۇلىمالار، ئاكادېمىكلار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە 50 نەچچە تەشكىلات قوللاپ ئىمزا قويغان بولۇپ، ئۇلار:

*خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى*

*چەتئەلدىكى پەلەستىنلىك ئۇلىمالار جەمئىيىتى*

*ھېكمەت جەمئىيىتى*

*مۇسۇلمان ئالىملار جەمئىيىتى*

*گۇۋاھچىلار مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى*

*ئاز سانلىقلار تەتقىقات مەركىزى*

*رەسۇلۇللاھنى قوللاش كومىتېتى*

*ئەھلى سۈننەت ئالىملار جەمئىيىتى*

*خەلقئارا قانۇن ئىشلىرى ئادۋوكاتى*

*ئىراق مۇسۇلمان ئالىملار جەمئىيىتى*

*لىۋىيە ئۇلىمالار جەمئىيىتى*

*مەغرىب ئۇلىمالار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى*

*يەمەن گۈللىنىش جەمئىيىتى*

*يەمەن ئۇلىمالار جەمئىيىتى*

*خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر ئاكادېمىيەسى*

*خەلقئارا مەھبۇسلار ۋە تۇتقۇنلارنى ئازاد قىلىش كومىتېتى*

*ئىراق ئۇلىمالار ۋە قوغدىغۇچىلار جەمئىيىتى*

*خەلقئارا ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك جەمئىيىتى*

*ئىستانبۇل ئىنسان ھەقلىرى جەمئىيىتى*

*ئامېرىكا-ئىسلام مۇناسىۋىتى كېڭىشى*

*ئىلىم ۋە پىكىر تەتقىقات مەركىزى*

*ئىسلام 21C*

*ئۇيغۇرلار ئۈچۈن دەس تۇر ھەرىكىتى*

*ئەنگىلىيە كوردوبا فوندى*

*شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى*

*شەرقىي تۈركىستان ئۇلىمالار بىرلىكى*

*شەرقىي تۈركىستان يىپەك نەسىل ھەرىكىتى*

*شەرقىي تۈركىستان نۇزۇگۇم كۇلتۇر ۋە ئائىلە جەمئىيىتى*

*شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى*

سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى

شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى

فىنلاندىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتى

كۆك ئاي ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى

شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ۋە تەرەققىيات جەمئىيىتى

شەرقىي تۈركىستان سودىگەرلەر جەمئىيىتى

ئۇيغۇر ئىلىم ۋە مەدەنىيەت، تەتقىقات ۋەقفى

ھىرا مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ۋەقفى

فۇرقان تەلىم-تەربىيە جەمئىيىتى

خوجا ئەھمەد يەسەۋى ئىلىم ۋە ئىرپان ۋەقفى

شىۋېيتسارىيە ئۇيغۇر مائارىپ جەمئىيىتى

ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان مائارىپ جەمئىيىتى

پاكىستان ئۆمەر ئۇيغۇر ۋەقفى

ئابدۇساتتار ھاجىم سەئىدىيە ئىلىم ۋە مائارىپ جەمئىيىتى

ھىندونېزىيە ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇش ھەرىكىتى

ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك ھەرىكىتى

مالايشىيا مۇسۇلمان ياشلار ھەرىكىتى

لىۋىيە ئۆلىمالار ھەيئىتى

لىۋىيە پەتىۋا ھەيئىتى

كونيا ئاممىۋى تەشكىلاتلار مۇنبىرى

خەلقئارا ئادۋوكاتلار جەمئىيىتى

ئىراق ئۆلىمالار ۋە قوغدىغۇچىلار جەمئىيىتى

تۈركىيە پىدائىيلار تەشكىلاتى بىرلەشمىسى

*IHH* ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى

مالايشىيا ئۇممەت ئاقارتىش جەمئىيىتى

ھەممىگە ئادالەت ھەرىكىتى




خىتاي رېجىمى بۇ يىلمۇ ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە ئوخشاشلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنى خىتايلارنىڭ چاغىنىنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىدى.

خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بايراملىرىنى ئۆز لايىقىدا ئۆتكۈزۈشگە ھەرخىل تەرىقىدە چەكلىمە قويۇش بىلەن بىرگە، تۈرلۈك رەزىل ئۇسۇللار بىلەن خىتايلارنىڭ ھەرخىل بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈشكە، تەبرىكلەشكە مەجبۇرلاپ كەلمەكتە. شۇنداقلا ئاتالمىش

«قوشماق تۇغقان» سىياسىتى ۋاسىتىسى بىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي بايرىمىنى ئۆتكۈزىدىغان-ئۆتكۈزمەيدىغانلىقىنى نازارەت قىلىپ كەلمەكتە.

17-يانۋار ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا تارقالغان بىر قانچە سىندا خىتاي رىجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۇيغۇرلارنى كەنتلەرگە يىغىپ، چاغان تەبرىكلەش ئۈچۈن خىتايلارنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ، يوللاردا چاغانلىق شوئار توۋلاش، ئەجدىھا ئۇسسۇلى، كۈنلۈك ئۇسسۇلى، شىر ئويۇنتىش ئۇسسۇلى قاتارلىق ئۇسسۇللىرىنى ئويناشقا مەجبۇرلاۋاتقانلىقى كۆرسىتىلگەن.

يەنە بىر سىندا كۆرسىتىلىشىچە، كەنتلەردىكى خىتاينىڭ قورچاق ئەمەلدارلىرى ھەتتا ئەرلەرنىمۇ خىتاينىڭ ياڭگىر ئۇسسۇلىنى ئويناشقان مەجبۇرلىغان.

تارىختىن بۇيۇنقى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بايراملىرىنى گۈزەل تەرىقىدە تەبرىكلەپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ بايراملىرىنى ئۆتكۈزۈشتىن مەھرۇم قىلىنىپلا قالماستىن، خىتاينىڭ تەھدىت ۋە مەجبۇرلاشلىرى سەۋەبلىك خىتاينىڭ بايراملىرىنى تەبرىكلەشكە، ھەر جەھەتتىن خىتايدەك كۆرۈنۈشكە مەجبۇرلانماقتا.

خىتاي يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىمۇ كۈچەپ ئىجرا قىلماقتا ۋە خىتاي مەدەنىيىتىنى رەت قىلغۇچىلارنى «ئەسەبىيلىك، بۆلگۈنچىلىك» نامىدا قاتتىق جازالاپ كەلمەكتە.




خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى باياناتچىسى تىۋىتتېر ھېسابىدا: «17-يانۋار كەچتە خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇل ۋەكىلى ۋۇ جيەن ۋە كونسۇلخانا خادىملىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشىدا ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان خىتاي پۇقرالىرىمىز بىلەن بىرلىكتە ئەنئەنىۋى چاغان بايرىمىنى تەبرىكلىدۇق» دېگەن ئۇچۇر بىلەن تۆت پارچە رەسىم ھەمبەھىرلىگەن بولۇپ، رەسىمدىكى كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئىستانبۇلدىكى ئاتالمىش «ئۇيغۇر سانائەتچى ۋە سودىگەرلەر جەمئىيىتى»نىڭ رەئىسى سابىر

بۇغدادىن باشقا يەنە بەش-ئالتە ئۇيغۇرنىڭ بولۇشى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقى ۋە غەزىپىنى قوزغىدى.

مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر پائالىيەت ئىستانبۇلدىكى شاڭرىلا مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خىتاينىڭ بىلدۈرۈشىچە پائالىيەتكە ئاساسلىق خىتايلار، شۇنداقلا تۈركلەر ۋە ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ مىڭدىن ئارتۇق كىشى قاتناشقان. خىتاي پائالىيەت جەريانىدا ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئوينىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قىلىۋاتقان جىنايەتلىرىنى يېپىشقا، خىتاي-ئۇيغۇر مۇناسىۋىتىنى يېقىن كۆرسىتىشكە تىرىشقان.

خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسىنىڭ رەسمىي تور بېتىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، خىتاينىڭ بۇ چاغان پائالىيىتىدىن بەش كۈن بۇرۇن، يەنى 12-يانۋار خىتاي باش كونسۇل ۋەكىلى ۋۇ جيەنىنىڭ باشچىلىقىدىكى كونسۇلخانا خادىملىرى ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇر سانائەتچىلەر ۋە سودىگەرلەر جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلغانلىقى ۋە مەخسۇس ئاتالمىش «شىنجاڭلىق مۇھاجىرلار» بىلەن «ئىسسىق باھار» تېمىسىدا بايراملىشىش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرغانلىقى، پائالىيەتكە 30 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر، مۇئاۋىن باش كونسۇل ۋاڭ فېي ۋە باش كونسۇلخانىنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ قاتناشقانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

مەزكۇر ئۇچرىشىشتا خىتاي باش كونسۇلى 30 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرلارغا «چاغانلىق سالام» يوللىغان ۋە ھەدىيە بۇيۇملىرى تارقىتىپ بەرگەن ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 20-نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ۋە خىتاينىڭ ئاتالمىش «يېڭى دەۋردىكى تەرەققىيات نەتىجىلىرى»نى تونۇشتۇرغان ۋە ئۆتكەن 10 يىلدا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىيات ۋە نەتىجىلەر»نى تونۇشتۇرۇپ، مەزكۇر ئۇيغۇرلاردىن چەت ئەللىكلەرگە ۋەتىنىنى شۇنداق تونۇشتۇرۇشنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇشنى، ئۆزلىرىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىككى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىشكە تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

كونسۇلخانىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر ئۇچرىشىشتا يەنە باش كونسۇلخانا خادىملىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلىرىنى ئاڭلىغانلىقى، ئالاقىدار سىياسەتلەر ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەنلىكى، پاسپورت قاتارلىق كونكرېت مەسىلىلەرنىڭ تەرتىپلىرىنى چۈشەندۈرگەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ھەل قىلىش چارىسى ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

خەۋەر ئاخىرىدا مەزكۇر ئۇيغۇرلار باش كونسۇلخانىنىڭ زىيارىتى ۋە تەمىنلىگەن ئۇچۇرلىرىغا رەھمەت ئېيتقانلىقى، باش كونسۇلخانىنىڭ پۇقرالارنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تىرىشچانلىقىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ «ۋەتەن ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى»غا تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى، خىتاي-تۈرك خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇققا ھەسسە قوشىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى بايان قىلىنغان.

كۈزەتكۈچىلەر شەرقىي تۈركىستان خەلقى تارىختىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىۋاتقان مۇشۇنداق ئېغىر مەزگىللەردىمۇ، خەلق ئىچىدىن ھېلىھەم دۈشمەن بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىدىغان، يانتاياق بولىدىغانلارنىڭ چىقىشىنىڭ ئېچىنىشلىق ھادىسە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بۇ نومۇسسىز قىلمىشلىرىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەرگىز كەچۈرمەيدىغانلىقىنى ۋە تارىختىمۇ ئۆچمەس قارا داغ سۈپىتىدە يېزىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




خىتاي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش مەركىزى خىتاينىڭ چاغان تەبرىكلەش ھەپتىسىدىلا خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك 12 مىڭ 658 كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

خىتاي سىنا تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش مەركىزى 13-يانۋاردىن 19-يانۋارغىچە بولغان بىر ھەپتە ئىچىدە، خىتاي ۋىرۇسى يۇقۇمى سەۋەبلىك دوختۇرخانىلاردا 12 مىڭ 658 كىشىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. خىتاي مۇتەخەسسىسلىرى پۈتۈن خىتايدا يۇقۇملىنىش دولقۇنىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىققانلىقىنى ئېيتقان.

خىتاي دائىرىلىرىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئېلان قىلغان ۋىرۇس سەۋەبلىك ئۆلگەنلەرنىڭ سانى ئۆيدە ئۆلگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىكەن. دوختۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە، بەزى بىمارلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈم ئىسپاتىغا «ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملىنىپ ئۆلدى» دەپ يېزىشنى خالىمايدىكەن.

خىتايدا ئاتالمىش «نۆل يۇقۇم» تەدبىرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، 2022-يىلى 8-دېكابىردىن 2023-يىلى 12-يانۋارغىچە بولغان ئارىلىقتا 59 مىڭ 938 كىشىنىڭ ۋىرۇس سەۋەبىدىن ئۆلگەنلىكى بىلدۈرۈلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قېتىمقى يۇقۇم دولقۇنىدا بىر ئاي ئىچىدە ئۆلگەنلەرنىڭ 72 مىڭ 596 گە يەتكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلدى.

خىتاي كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش مەركىزى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرى ۋۇ زۈنيوۋ خىتاينىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ۋېيبودا ئېلان قىلغان باياناتىدا: «تەدبىرلەر بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، خىتايدىكى 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسنىڭ 80% تىن كۆپرەكىنىڭ يۇقۇملانغانلىقىنى مۆلچەرلىمەكتىمىز» دېگەن.

خىتاي قاتناش مىنىستىرلىقىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل 7-يانۋاردىن 15-فېۋرالغىچە بولغان 40 كۈنلۈك دەم ئېلىش مەزگىلىدە سەپەر قىلغۇچىلارنىڭ

2 مىلىيارد 100 مىليون ئادەم قېتىمغا يېتىشى مۆلچەرلەنمەكتىكەن. بۇ جەرياندا خىتايدىكى يۇقۇملىنىش نىسبىتىنىڭ تېخىمۇ ئېشىش ئېھتىماللىقى جىددىي ئەندىشە پەيدا قىلماقتا.



# ئەنگلىيەدىكى 40 ئۇنىۋېرسىتېت خىتاي ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلاشقان

ئەنگلىيەدىكى 40 ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تۈرلۈك جىنايەتلەرگە چېتىشلىق بولغان خىتاي ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلاشقانلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن غۇلغۇلا قوزغىدى.

ئەنگلىيە ئاخبارات ئورگىنى «ۋاقىت گېزىتى» 22-يانۋاردىكى خەۋىرىدە ئەنگلىيەدىكى داڭلىق كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 40 ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ خىتاينىڭ كۆپلىگەن ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورنىتىپ كەلگەنلىكىنى، مەزكۇر خىتاي ئورگانلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق، خىتاينىڭ دۆلەت مۇداپىئە تەتقىقاتى، جاسۇسلۇق، تور ھۇجۇمى قاتارلىق كۆپلىگەن جىنايەتلەرگە چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېتلار بېيجىڭ ئاۋىياتسىيە ۋە ئالەم قاتنىشى ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق خىتاينىڭ مۇداپىئە ساھەسىدىكى ھالقىلىق يەتتە ئۇنىۋېرسىتېت بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان. ھالبۇكى، خىتاينىڭ بۇ يەتتە ئۇنىۋېرسىتېتى ھەربىي قىسىم ئۈچۈن چەت ئەلنىڭ ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىنى ئوغرىلاش بىلەن ئەيىبلىنىپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى بىلەن خىتاي ئورگانلىرىنىڭ ھەمكارلىقى سابىق باش ۋەزىر كامېرون ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان دەۋردە ئورنىتىلغان. گەرچە كۆپ قىسىم ھەمكارلىق تۈرلىرىدە خەتەر مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ئاۋسترالىيە ئىستراتېگىيەلىك سىياسەت ئىنستىتۇتىنىڭ باھالىشىچە، ئۆتكەن بەش يىل ئىچىدە ئەنگلىيەنىڭ 42 ئۇنىۋېرسىتېتى كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان خىتاي ئورگانلىرى بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى 22 ھەمكارلىق تۈرى «ئىنتايىن خەتەرلىك» دەپ باھالانغان.

بۇ خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن

ئەنگلىيەنىڭ بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى مەزكۇر ئۈنىۋېرسىتېتلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، خىتاي ھەربىي ئورگانلىرى بىلەن ۋاستىلىك ھەمكارلىشىپ قىلىش ۋە خىتاي رېجىمىنىڭ خەلقنى باستۇرۇشىغا ياردەملىشىپ قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.



# مالتادىكى ئۇيغۇر ئەر-ئايال خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلدى

مالتا جۇمھۇرىيىتىدە پاناھلىنىۋاتقان ئىككى ئۇيغۇر ئەر-ئايال خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋەر بىلدۈرۈلۈشىچە، 16-يانۋار ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇق سوتى مالتا جۇمھۇرىيىتىنى ئىككى ئۇيغۇر ئەر-ئايالنى خىتايغا قايتۇرۇش پىلانىنى توختىتىشقا بۇيرۇغان. مەركىزى مالتاغا جايلاشقان ئادىتىس فوندى ۋە ئىسپانىيە كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى «قوغدىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر»نىڭ ئاشكارىلىشىچە، بۇ ئىككى تەشكىلات 13-يانۋار ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇق سوتىغا مالتا كۆچمەنلەر ئورگىنى ئۈستىدىن ئەرز سۇنۇپ، مالتا دائىرىلىرىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكنى رەت قىلىش قىلمىشىنى ئەيىبلىگەن.

ئىككى ئۇيغۇرغا ۋاكالىتەن سوتقا ئەرز قىلغان ئادىتىس فوندىنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر ئىككى ئۇيغۇر 2016-يىلى مالتاغا كەلگەن بولۇپ، مالتا دائىرىلىرى 2017-يىلى تۇنجى قېتىم ئۇلارنىڭ پاناھلىق تەلىپىنى رەت قىلغان. ئۇلار ئۇزۇن يىل مەزكۇر ئارال دۆلىتىدە يوشۇرۇن ياشىغان. 2018-يىلى مالتا كۆچمەنلەر ئىدارىسى ئۇلارنى چېگرادىن قوغلاپ چىقىرىش قارارى چىقارغان. ئادىتىس فوندىنىڭ باياناتىدا ئېيتىلىشىچە، يېقىندا مەزكۇر ئىككى ئۇيغۇر خىتايغا قايتۇرماسلىق ئىلتىماسىنى مەسئۇل ئورگانغا سۇنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىلتىماسى 2023-يىلى 12-يانۋار رەت قىلىنغان.

ئادىتىس فوندىنىڭ ئېيتىشىچە، ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇق سوتىنىڭ بۇ بۇيرۇقى مالتا جۇمھۇرىيىتىدىكى پاناھلىنىش تەرتىپىگە قارىتىلغان يەنە بىر قېتىملىق

ئەيىبلەش ئىكەن.

ياۋروپا كىشىلىك ھوقۇق سوتىنىڭ باياناتىدا: «مالتانىڭ پاناھلىنىش ئۇسۇلىنى تەكشۈرۈپ، مۇساپىرلارنى قوغداشتىكى يادرولۇق ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان پەيت كەلدى» دېيىلگەن.

ئىككى ئۇيغۇر ئەر-ئايال مالتا كۆچمەنلەر ئورگانلىرىغا ئەگەر ئۇلارنى خىتايغا قايتۇرۇلغان تەقدىردە، ئىرقىي ۋە دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك ناچار مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئادىتىس فوندىنىڭ ئېيتىشىچە، 12-يانۋار مالتا كۆچمەنلەر ئىدارىسى ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشقان كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارنى خىتايغا قايتۇرماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئىككى ئۇيغۇر نۆۋەتتە سافى گازارمىسىدىكى كۆچمەنلەرنى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان بولۇپ، ئادۋوكاتى ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ كېيىنكى قەدەمدە قانداق تەدبىرلەرنى قوللىنىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان.

مالتا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئامېرىكا ئاۋازى مۇخبىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى زىيارەت تەلىپىگە تېخىچە جاۋاب قايتۇرمىغان.




ئامېرىكىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرى ئامېرىكا بىلەن تەيۋەننىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە قانۇن لايىھەسى سۇندى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 27-يانۋاردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىدىكى 20 نەچچىگە يېقىن جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيە ئەزاسى ئامېرىكىنى تەيۋەن بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ۋاقتى ئۆتكەن ئاتالمىش «بىر خىتاي» سىياسىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا چاقىرغان قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بۇ قانۇن لايىھەسىدە يەنە بايدېن ھۆكۈمىتىدىن تەيۋەننىڭ خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا ئەزا بولۇشىنى قوللىشى ۋە ئامېرىكا-تەيۋەن ئەركىن سودا كېلىشىمى

ھەققىدە كېڭىشىش تەلەپ قىلىنغان.

مەزكۇر لايىھەنى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ئاۋام پالاتا ئەزاسى توم تىفانى ۋە پېنسىلۋانىيە ئىشتاتىدىكى جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى سكوت پېررى قاتارلىقلار 25-يانۋار ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ قانۇن لايىھەسىدە: «پىرېزىدېنت ۋاقتى ئۆتكەن ئاتالمىش بىر خىتاي سىياسىتىدىن ۋاز كېچىپ، تەيۋەننىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە بولمىغان مۇستەقىل دۆلەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە قوللىشى كېرەك» دېيىلگەن.

قانۇن لايىھەسىدە يەنە پىرېزىدېنتنىڭ تەيبېيدە دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلانغان ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئامېرىكا بىلەن تەيۋەننىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، ئۆزئارا باش ئەلچى ئەۋەتىشى كېرەكلىكى، ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى نورمال ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا باردى-كەلدى قىلىشنى چەكلەيدىغان بەلگىلىمىنى بىكار قىلىش كېرەكلىكى، ئەركىن سودا كېلىشىمى ئۈچۈن رەسمىي سۆھبەت باشلىنىشى كېرەكلىكى، ئامېرىكا ئەمەلدارلىرىنىڭ تەدبىر قوللىنىپ، تەيۋەننىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە ئامېرىكا ئەزا بولغان باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ تولۇق ئەزاسى بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.




ئامېرىكىنىڭ بىر گېنېرالى ئىككى يىل ئىچىدە خىتاي بىلەن ئۇرۇش يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىنى تەكىتلەپ، قول ئاستىدىكى قىسىملارنى زۆرۈر تەييارلىقلارنى تېزلىتىشكە بۇيرۇدى.

ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتىنىڭ 27-يانۋاردىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيە يۆتكىلىشچان قىسمىنىڭ قوماندانى مايكىل مىنىھان قول ئاستىدىكىلەرگە يوليورۇق بېرىپ، تەيۋەن مەسىلىسى سەۋەبلىك ئەڭ تېز بولغاندا ئىككى يىل ئىچىدە ئامېرىكا بىلەن خىتاي

ئوتتۇرىسىدا ھەربىي توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىنى، بۇ سەۋەبلىك ئالاقىدار تەييارلىق خىزمەتلىرىنى تېزلىتىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرغان.

مايكىل مىنىھان بۇ ھەقتە توختىلىپ: «مەن خاتالاشقان بولسامكەن دەيمەن. ئەمما 2025-يىلى ئۇرۇشىدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىۋاتىمەن» دېگەن ۋە شى جىنپىڭنىڭ بۇلتۇر ئۆكتەبىردە ئۆز تەختىنى يەنە بىر قېتىم مۇستەھكەملىگەنلىكىنى، 2024-يىلى ئۆتكۈزىلىدىغان تەيۋەندىكى پىرېزىدېنتلىق سايلىمىنىڭ خىتايغا باھانە بولۇپ بېرىدىغانلىقىنى، ئامېرىكىنىڭ بولسا 2024-يىلىدىكى پىرېزىدېنتلىق سايلىمى سەۋەبلىك دىققىتى چېچىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭمۇ ئوخشاشلا خىتايغا نىسبەتەن ھەرىكەت قوزغاش پۇرسىتى يارىتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئۇ قول ئاستىدىكى قوشۇنلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تەييارلىقىنى پۇختا قىلىشنى، تەلىم-تەربىيە، مەشىقلەرنى تېخىمۇ كۈچەيتىشنى، ئەڭ ياخشى جەڭ ھالىتىگە كېلىشنى تەلەپ قىلغان ۋە شۇنداقلا ئامېرىكا تەرەپنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىنىڭ قورقۇتۇش ئىكەنلىكىنى، زۆرۈر تېپىلغاندا خىتاينى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن.

ئۇنىڭ ئۆز قول ئاستىدىكىلەرگە چۈشۈرگەن بۇ يوليورۇقى ئىجتىمائىي تاراتقۇ سۇپىلىرىدا تارقالغان بولۇپ، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بۇ ئۇچۇرنىڭ راستلىقىنى دەلىللىگەن.




ئامېرىكا ياپونىيە ۋە گوللاندىيە بىلەن خىتاينىڭ ئۆزەك سانائىتىگە قارشى تۈرۈش ھەققىدە كېلىشىم تۈزدى.

بلۇمبېرگ ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا گوللاندىيە ۋە ياپونىيە بىلەن بىر قىسىم ئىلغار ئۆزەك ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىلىرىنىڭ ئېكسپورتىنى چەكلەشكە قوشۇلغان ۋە شۇنداقلا بۇ كېلىشىم بىلەن تاموژنا كونتروللۇقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېلىشىمنى ئۆزارتىشقا بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

ئاقساراي باياناتچىسى جون كىربى بۇ ھەقتە: «بۇ كېلىشىم يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان

تېخنىكىلارنى قوغداشتا مۇھىم» دېگەن.

تەيۋەن پىرېزىدېنتى سەي يىڭۋېن ئامېرىكا قاتارلىق ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ ئۆزەك بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى قانچىلىغان قېتىم بايان قىلغانىدى. شۇنداقلا ئۆزەك سانائىتىدىكى خىتاي تەھدىتى ھەققىدە توختالغاندا «دېموكراتىيە ئۆزىكى» دېيىش ئارقىلىق باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدى.

ئامېرىكىنىڭ مۇئاۋىن پىرېزىدېنتى كامالا ھارىس يەنە ياپونىيە شىركەتلىرىنى ئۆزەك كەسپىدىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تەمىنلەش زەنجىرىنى كۈچەيتىشكە چاقىرغان.







30-يانۋار ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيەسىدە 6.1 بال يەر تەۋرىدى.

خىتاي يەر تەۋرەشتىن مەلۇمات بېرىش ئىدارىسىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 30-يانۋار ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 05:49 دە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ شايار ناھىيەسىدە (شىمالىي كەڭلىك 40.03 گىرادۇس، شەرقىي ئۇزۇنلۇق 82.30 گىرادۇس) 6.1 بال يەر تەۋرىگەن. تەۋرەش مەركىزىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 50 كىلومېتىر بولغان.

خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق ھەرقايسى رايونلار، قەشقەرنىڭ مارالبېشى ناھىيەسى، ئۈرۈمچى ۋە ئارال رايونىدىكى ئاھالىلەر كۈچلۈك يەر تەۋرەشنى ھېس قىلغان. تۆمۈر يول تارماقلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىكى تۆمۈر يول بۆلىكىدە قاتنايدىغان يولۇچىلار پويىزنى جىددىي توختاتقان.

خەۋەردە دائىرىلەرنىڭ يەر تەۋرەش ھېس قىلغان رايونلاردىكى تۆمۈر يول، كۆۋرۈك، تونېللار ۋە باشقا ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈشكە ئادەم تەشكىللىگەنلىكى، ئەتىگەن ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت ئونغا يېقىن يەر تەۋرەشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان يولۇچىلار پويىزىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئەمما ئاپەت جەريانىدىكى يارىلىنىش ۋە ئىقتىسادىي زىيان ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن.




*يىل ئالماشتى، ئەمما خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى داۋاملاشماقتا.*

# ئىستىقلال ئاۋازى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق |
| تەھرىر | ي. قۇرۇم |
| لايىھەلىگۈچى | ي. قۇرۇم |
| كارىكاتۇر | رادۋا ئادىل |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى |
| نەشر تۈرى | ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى |
| ئادرېس | Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL |



info@istiqlalmedia.com

www.istiqlalmedia.com www.istiqlalhaber.com

+90 553 895 19 33 +90 212 540 31 15

+90 541 797 77 00



DOĞU TÜRKİSTAN BASIN VE MEDYA DERNEĞİ

شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى